مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى



# نىتزى مۇنداق دەيدۇ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى

# نىتزى مۇنداق دەيدۇ

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئامىنە كىچىك

شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

尼采说:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(哲人之言丛书)
ISBN 978—7—80744—436—7

Ⅰ.尼... Ⅱ.阿... Ⅲ.尼采,F.W.(1844～1900)—语录—维吾尔语〗(中国少数民族语言) Ⅳ.B516.47

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第129837号

丛 书 名　哲人之言丛书
本册书名　尼采说
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
　　　　　阿米娜·克奇克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新博文印刷有限责任公司
开　　本　880mm×1230mm 1/32
印　　张　3印张
字　　数　51千字
版　　次　2008年8月第1版
印　　次　2008年8月第1次印刷
书　　号　ISBN 978—7—80744—436—7
定　　价　9.90元
(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

# تۇزگۇچىدىن

«كىتابلىرى يېزىق بىلەن ئەمەس، ئوت بىلەن نەشر قىلىنغان»، «ھەممىشە گۈلدۈرماما ۋە چاقماق تىلىدا سۆزلەيدىغان» گېرمانىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ئەدىب فېرېدرىخ نىتزى (1844— 1900) تراگېدىيىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ھوقۇق ئىرادىسى»، «سەرخۇش ھېكمەتلەر»، «ياخشىلىق — يامانلىق قىرغاقلىرى»، «ئەخلاق نەسەبنامىسى»، «زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ» قاتارلىق ئۆتكۈر پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ۋە شېئىرلىرى بىلەن ھەرقايسى ئەل ئوقۇرمەنلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى، ئېلتېكىن قاتارلىق زىيالىيلىرىمىزنىڭ تەرجىمە قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. نىتزىنىڭ ئەسەرلىرىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە ھېكمەتلىك سۆز — ئىبارىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ئوقۇغان ھەرقانداق كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «ئۇنىڭغا يېقىنلاشسىڭىز قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئۆرلەش كۈچىنىڭ تومۇرىڭىزدا ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز» دەپ يېزىلىپ، نىتزى ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ نىتزى ھېكمەتلىرى بىلەن قەلب دۇنياسىنى بېيىتىشىغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇ ئەرزىمەس ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ نىتزى ئىدىيىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىدا زەررىچىلىك بولسىمۇ مەنپەئەت بەرسە ئەجەب ئەمەس.

1

بىر ئادەمنىڭ دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ھەممىشە شۇ ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

2

روھىي جەھەتتىكى ئەركىنلىك ۋە ئۇلۇغلۇق بولمىسا، تەبىئەتتىكى يۈكسەكلىكنى بىلەلمەيسەن.

3

قاسىراق تاشلاشنى بىلمىگەن يىلان ئۆلمەي قالمايدۇ.

4

خىزمەت مەجبۇرىيەت ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكسىز ئۇزىراپ كەتكەن بولاتتى.

5

ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئۆگەنگەن ئادەم ھەممىشە ئۆزى توغرىلىقلا سۆزلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

6

ئىمكانىيەت يار بېرىدىغانلا بولسا، ئادەمنىڭ ئەۋلىيا بولغۇسى كېلىدۇ.

7

قانۇن پەقەت ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارغىلا كۈچلۈك بولىدۇ.

8

پەقەت يېگىنچە نام ـ قىممەت ۋە مۇمكىنلىكنى يارىتالىغاندىلا، يېگىنچە شەيئىلەرنى ئۇچۇشلۇق يارىتىپ چىققىلى بولىدۇ.

9

ئېتىقاد قىلغۇچى چوقۇم ئۆزىگە تەئەللۇق بولمايدۇ.

10

ھازىرقى ئادەملەر ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى.

11

ھەرقانداق مەنىدىكى خاتالىق — ئىرادە ئاجىزلىقىنىڭ

نەتىجىسى.

12

ئادەم ئۆز قولىدىلا ئۆلىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولىدا ئۆلمەيدۇ.

13

ئادەم تەنھا ياشايمەن دەيدىكەن، چوقۇم ياۋايى ھايۋان ياكى ئىلاھ بولۇشى كېرەك.

14

بىر ئادەم ئېرىشىشنى ئويلىغان نەرسە يەنە بىر ئادەم يوقاتقان نەرسىدۇر.

15

يېڭى نەرسىلەر ھەمىشە رەزىللىكنى بويسۇندۇرغان مۇھىتتا پەيدا بولىدۇ.

16

ھەقىقىي دۇنيا پەقەتلا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولىدۇ.

17

ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ ساڭا مۇتلەق ئىشىنىشىنى

www.uyghurkitap.com

ئويلىساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە ئىشىنىشىڭ كېرەك.

18

مەن گىگانت ئادەملەرنى ئىزدىدىم، ئەمما تاپقىنىم باشتىن-ئاخىر گىگانت ئادەملەرنىڭ غايىسىدىكى ئادەمسىمان مايمۇندىنلا ئىبارەت بولدى.

19

مەن پەقەت قىساس ئېلىشقا ئاجىز ياكى قىساس ئېلىش ئىرادىسى يوق ئادەملەرنىلا كەمسىتىمەن.

20

كۆڭلۈمدىكى نەرسىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشتا يېزىقچىلىقتىن باشقا ئۇسۇلنى تاپالمىغاچقا، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

21

ئەڭ ياخشى ياكى ئەڭ يامان ئارزۇيۇڭنى قاندۇرۇشنى ئويلىساڭ، ئەڭ ياخشىسى بىر مەيدان ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ باق.

22

گۈزەل ئەخلاق دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا

كىشىلەرگە بەخت ئەكېلەلىشى ناتايىن، ئەمما كۆچلۈكلەرلا ئۆزد-
ىنىڭ بەختىنى گۈزەل ئەخلاق، دەپ جاكارلىيالايدۇ.

23

دۇنيانى ئادەملەشتۈرۈش دېگەنلىك — دۇنياغا ئادەمنىڭ خوجايىنلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش دېمەكتۇر.

24

مۇلايىملىق قانچە بولسا، ئاجىزلىقمۇ شۇنچە بولىدۇ.

25

تاكى دانىشمەنلەر ئۆز ساراڭلىقىدىن خۇشال بولغۇچە، نام-
راتلار ئۆز بايلىقىدىن شادلىق تاپقۇچە ئەقىل - پاراستىمنى سەرپ قىلىشقا ۋە تەقدىم قىلىشقا تەييارمەن.

26

سەدىقە قىلماقچى بولساڭ، ئۇنى بىراقلا بېرىۋەتمە، ئەمما سەدىقە تىلىگۈچىلەر تىلىگەندە بەر!

27

ئادەم ئۆزىدىن ھالقىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

28

سىلەر قۇرتتىن ئادەمگىچە بولغان يولنى بېسىپ ئۆتتۈڭلار، لېكىن نۇرغۇن تەرەپلەردىن سىلەر يەنىلا قۇرت. بۇرۇن مايمۇن، ئادەمسىمان مايمۇن ئىدىڭلار، ئەمدى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئوخشاپ قالدىڭلار.

29

ئەۋلىيا دېمەك — زېمىن دېمەكتۇر. ئىرادەڭلار بويىچە، ئەۋلىيا زېمىنغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن دەپ چۈشەنسەڭلار بولىدۇ.

30

تۇۋرۇك ئەخلاقنى ئىزدە، ئۇ ئېگىزلىگەنسېرى شۇنچە گۈزەل، نەپىس ھەم مەزمۇت بولىدۇ.

31

راست، ئادەم بۇلغانغان دەريا، بىز دېڭىز بولۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا ناپاك دەريالارنى قوينىمىزغا ئېلىپ تۇرۇپمۇ بۇلغانمايمىز.

32

سىلەر ھېس قىلالىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىش قايسى؟ ئۇ دەل ئاشۇ

ئۇلۇغۋار كەمسىتىشتۇر. ئۇنى ھېس قىلغىنىڭلاردا سىلەر ھەتتا ئۆز بەختىڭلاردىنمۇ، ئەقىل ۋە ئەخلاقىڭلاردىنمۇ بىزار بولىسىلەر.

## 33

ئىنسان ھايۋان بىلەن ئەۋلىيا ئارىسىغا، چوڭقۇر ھاڭ ئۇس-تىگە تارتىلغان ئارغامچا. ئۇنىڭ بىر ئۇچىدىن يەنە بىر ئۇچىغا بېرىش خەتەرلىك، ئارىلىقتا مېڭىشمۇ خەتەرلىك، كەينىگە قاراشمۇ خەتەرلىك، تىترەش ۋە دېلىغۇل بولۇشمۇ خەتەرلىك.

## 34

ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ مەقسەت ئەمەس، بەلكى كۆۋرۈك؛ ئىنساننىڭ قەدىرلىك يېرى شۇكى، ئۇ ھالقىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ تامامى. مەن تاماملاش ئۈچۈن ياشىغانلارنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار جەرياندىن ھالقىغۇچى.

## 35

مەن شۇنداق كىشىنى سۆيىمەنكى، ئۇلار قۇربان بولۇش سەۋە-بىنى ئۇپۇق سىرتىدىن ئىزدىمەي، زېمىن ئۈچۈن ئۆز-تىنىنى قۇربان بېرىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ ھامان بىر كۈنى ئەۋلىياغا مەنسۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

36

مەن بىلىم ئۆچۈن ياشاۋاتقان ھەمدە ئەۋلىيا بولۇش ئۈچۈن بىلىم ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئەنە ئاشۇ كىشىلەر بىلىم ئىستىكىدە ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ.

37

مەن ئەخلاقنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئەخلاق ئادەمنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان ھەم ئالغا ئىنتىلدۇرىدىغان كۈچ.

38

مەن ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ھەۋىسى ۋە تەقدىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئەنە ئاشۇ كىشىلەر ئەخلاق ئۈچۈن ھايات ـ ماماتىنى ئۇنتۇيدۇ.

39

مەن روھنى ئاياپ ئولتۇرمايدىغان، رەھمەت ـ تەزىمنى بەجا كەلتۈرمەيدىغان ھەم ئۇنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇلار خەقنىڭ ھەققىنى ئالماي، خەققە بېرىۋېتىدۇ.

## 40

مەن ئاۋۋال ئىشلەپ ئاندىن سۆزلەيدىغان، ھەرىكىتى ۋەدىسىدىنمۇ چىڭ كىشىلەرنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقىنى ئىزدەيدۇ.

## 41

مەن كېلەچەكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۆتمۈشكە توۋا قىلغانلارنى قۇتقۇزالايدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار كۆز ئالدىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايدۇ.

## 42

مەن زەخىملەنسىمۇ ئۆز روھىدىن تانمايدىغان، كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۆلتۈرۈشكە تەييار كىرەلەيدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئاشۇ كىشىلەرلا كۆۋرۈكتىن تەمتىرىمەي ئۆتەلەيدۇ.

## 43

مەن روھىي ئاۋۇنلۇقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ھەممە نەرسىگە سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرنى سۆيىمەن، ھەممە نەرسە ئەنە ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قايتار جايىغا ئايلىنىدۇ.

## 44

مەن روھى ۋە قەلبى ئەركىن كىشىلەرنى سۆيىمەن، چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلارنىڭ بېشى قەلبىنىڭ ئىچكى ئەزاسى، قەلبى ئۇزىنى تاۋاپ قىلىشى ئىستۇرۇشىنىڭ تۈرتكىسى.

## 45

مەن شۇنداق كىشىلەرنى سۆيىمەن: ئۇلار كۆكتىكى ئېغىر بۇلۇتتىن تامچىلىغان يامغۇردەك گۈلدۈرمامىدىن بېشارەت بېرىپ، دۇنيادىن بېشارەتچى كەبى ئۆتىدۇ.

## 46

سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئادەم يەنىلا مۇجمەللىكنى ساقلىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئويۇن يۇلتۇزى تۇغۇلىدۇ؛ سىلەرگە ئېيتىمەنكى، مۇجمەللىكلار ھېلىمۇ مەۋجۇت.

## 47

نامرات ياكى باي بولۇشنى كىممۇ خالىسۇن؟! چۈنكى، بۇ ئىككى يۈك ئىنتايىن ئېغىر. كىمنىڭمۇ باشقىلارغا بۇيرۇق قىلغۇسى ياكى باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغۇسى كەلسۇن؟! بۇ يۈكمۇ ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى ئېغىر!

48

قويلار چوپانغا موھتاج ئەمەس! كۆپچىلىكمۇ خۇددى شۇلاردەك ئۆزئارا ئوخشاش، باراۋەر بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. كىمدەكىم باش-قىچە خىيالدا بولىدىكەن، ئۇنى جىنىدىخانىغا ئەكىرىۋېتىش كېرەك.

49

ئاچ - زېرىنلەرنىڭ بېشىنى سىلىغانلار بەختكە ئېرىشىدۇ.

50

مەن تىرىكلەرنىڭ ئەگىشىشىگە موھتاج، چۈنكى ئۇلار نەگە بېرىشىمدىن قەتئىينەزەر يېنىمدىن ئايرىلمايدۇ.

51

خەقنىڭ خۇدۇكسىرىشىنى يوقىتىش ئەڭ ئىنسانپەرۋەر ھە-رىكەتتۇر.

52

زوروئاستىرنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئورتاق ياراتقۇچىلار، بىرلىكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ھوسۇل يىغىدىغان، بىرلىكتە تەبرىكلەيدىغانلاردۇر.

53

ئېتىقاد ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە، يىراقنى كۆرەلەيدىغان روھلا ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، چۈنكى ئېغىر يۈكلەر مەزمۇت روھقا موھتاج.

54

ھەقىقەت سۈيىلا بولىدىكەن، قانچىلىك پاسكىنا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاشلاش كېرەك.

55

ئەركىنلىكنى قولۇڭغا ئال، مەسئۇلىيەت دېگەن ئىبارىنى رەت قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي قېرىنداشلار، سىلەرگە شىر روھى كې-رەك.

56

يېڭى قىممەتنى تۇتۇپ تۇرۇش — ئېتىقادلىق، كۆتۈرۈشلۈك روھنىڭ ئەڭ مۈشكۈل ۋەزىپىسى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن

بۇلاڭچىلىقتىن ھەمدە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يەۋېلىشىدىن قېلىشمايدىغان ھەرىكەت.

## 57

باللار سەبىي ۋە ئۇنتۇغاق، ئۇلار يېڭى بىر باشلىنىش، بىر ئويۇن، ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغان چاق، ئىپتىدائىي ھەرىكەت، مۇقەددەس بايلىقتۇر.

## 58

دەرھەقىقەت، قېرىنداشلار، يارىتىش ئويۇنى ئۈچۈن ھاياتىمىز بىر مۇقەددەس بارلىققا موھتاج. شۇ چاغدىلا روھ ئۆز ئىرادىسىگە ئېرىشىدۇ، دۇنيا سۈرگۈنى ئۆز دۇنياسىغا يېڭىۋاشتىن قايتىدۇ.

## 59

ئۇيقۇنى پېقىرانە قەدىرلىمەك لازىم. بۇ ئەڭ مۇھىم! شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىماي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يۈرگەنلەرگە يېقىن يولىماسلىق لازىم!

www.uyghurkitap.com

## 60

ھەتتا ئوغرىلارمۇ ئۇيقۇسى كەلگەندە ئىنتايىن مۇلايىملىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇلار كېچىلىرى ئېھتىيات بىلەن ئوغرىلىق قىلىدۇ، جېسەكچىلەر بولسا ئۇلاردىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشىپ، بۇرغۇسىنى توختىماي چېلىشىدۇ.

## 61

ئۇخلاش ئاسان ئىش ئەمەس، كۈندۈزلىرى سەگەك يۈرگەندىلا، كېچىلىرى بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولىدۇ.

## 62

ھەر كۈنى ئون مەرتەم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال؛ بۇ سېنى پايدىلىق چارچاشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ ھەم روھىڭنىڭ ئەپيۇنى.

ھەر كۈنى ئون مەرتەم ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت. چۈنكى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش — ئازابلىق چېنىقىشتۇر، ئاز - تولا ئارام ئېلىۋالمىسا بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولمايدۇ.

ھەر كۈنى ئون تۈرلۈك ھەقىقەت تاپ. بولمىسا كېچىسى روھىڭ ئاچ قالىدۇ.

ھەر كۈنى ئون قېتىم قاقاقلاپ كۈل. بولمىسا ئاشقازان دېگەن بۇ كۆلپەت ئاتىسى كېچىسى بىئارام قىلىدۇ.

63

بارلىق ئەخلاقتا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەخلاقىمۇ ئۆز لايىقىدا ئارام بېرىش كېرەك.

64

قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتكەندىلا بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولىدۇ.

65

ئۇلۇغلار ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئەخلاقىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئەخلاق ۋە تەپەككۇرغا نىسبەتەن بەكمۇ رەھىمسىز كېلىدۇ.

66

شان ـ شەرەپ ۋە بايلىق ئىستەيمەن، ئۇلار كىشىنى بىردىنلا غەمگە گىرىپتار قىلىدۇ. لېكىن ئاز ـ تولا نام ـ ئابرۇي ۋە مال ـ مۈلۈك بولمىسىمۇ، بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

67

مەن ئۇيقۇنى چىللىمايمەن. ئۇيقۇ دېگەن بۇ ئەخلاق ساھىبى كىشىلەرنىڭ چىللىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

68

كىمكى كېچىسى بەھۇزۇر ئۇخلايمەن دەيدىكەن، قەلبى ھەر ۋاقىت ئويغاق بولۇشى كېرەك.

69

مۇگدەۋاتقان بۇ كىشىلەر بەختلىك، چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا چۈش كۆرىدۇ.

70

شورپېشانە ئادەم ئۆز ئازابىنى كۆرەلمەي، ئۆزىنى ئۇنتۇسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرخىل سەرخۇشلۇقتۇر. دۇنيا مەن ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا بىرخىل سەرخۇشلۇق ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇشتۇر.

71

مەڭگۈ مۇكەممەل بولالمايدىغان بۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك زىدد-

يەتتۇر، كەمتۈك ئوبرازدۇر ۋە كامالەتسىز ياراتقۇچىنىڭ سەرخۇشـ-
لۇقىدۇر.

72

ئازاب ۋە ناكەسلىك يەنە بىر دۇنيانى، يەنى قىسقىغىنا بەخت
قىزغىنلىقىنى ياراتتى، ئەڭ سەزگۈر ئىنسانلا بۇنى ھېس
قىلالايدۇ.

73

«ئۆزلۈك» ئىم ماڭا يېڭى بىر مەغرۇرلۇقنى ئۆگەتتى، مەنمۇ
ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىپ قويدۇم: بېشىڭنى خىيالىي دۇنياغا
غەرق قىلىۋەتمە؛ زېمىنغا مەنە ئاتا قىلىدىغان نەق بېشىڭنى مەغرۇر
كۆتۈرۈپ يۈر!

74

گۈزەللىك نەدە؟ ئۇ پۈتكۈل ئىرادەم بىلەن ئىزدىشىم كېرەك
بولغان، شۇنداقلا بارلىق ئوبرازلارنىڭ بىرلا ئوبرازغا ئايلىنىپ
قالماسلىقى ئۈچۈن سۆيۈش ۋە ئۆلۈش ئىختىيار قىلىنغان
يەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

75

بالاخورلاردا پاك ھەۋەس كەم بولىدۇ.

76

مەن نوقۇل تەندۇرمەن، باشقا نەرسە ئەمەسمەن. روھ — پەقەت تەندىكى مەلۇم نەرسىنىڭ نامى.

77

تەن — بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتتۇر، بىرلا مەنىگە ئىگە ئارد-لاشمىدۇر، ئۇ ھەم ئۇرۇش، ھەم تىنچلىق، ھەم پادا، ھەم چوپان.

78

قېرىنداشلىرىم، سىلەر «روھ» دەپ ئاتىغان تېنىڭلارنىڭ قورالى — كىچىككىنە ئەقىل ـ پاراسەتتۇر، ئۇ ھەم بۈيۈك ئە-قىل ـ پاراستىڭلارنىڭ كىچىككىنە قورالى، ھەم ئەرمىكىدۇر.

79

سەزگۈ ئەزالار سېزەلەيدىغان، روھ يېتەلەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھېچقانداق مەقسىتى بولمايدۇ. بىراق، سەزگۈ ئەزالار بىلەن روھ سېنى ئۇلارنى بارلىق نەرسىلەرنىڭ مەقسىتى دەپ ئىشەندۇرىدۇ، ئۇلار شۇ قەدەر شۆھرەتپەرەس.

80

ھوقۇق سالاپەتلىك كۆرۈنىدىغان جايدا بۇنداق كەمتەر ئىپادىنى گۈزەللىك دەپ ئاتايمىز.

81

سەندىكى «ئۆز» مەندىكى «مەن» نىڭ مەغرۇر تۇرقىغا قاراپ، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. «بۇ ئىدىيە پەرۋازى مەن ئۈچۈن نېمە- دى؟» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى، «ئۇلار پەقەت مەنزىلگىلا ئاپى- رىدىغان قىسقا يول، مەن ‹مەن› نىڭ رەھنەماسى ھەم ‹مەن› ناملىق نۇقتىئىنەزەرنىڭ يورۇتقۇچىسى».

82

«ئۆز» «مەن» گە: «ئازابلان!» دېدى، شۇنىڭ بىلەن «مەن» ئا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

زابىلىنىشقا باشلىدى. لېكىن، كۆڭلىدە ئازابتىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەستايىدىل باش قاتۇرۇشى كېرەك.

«ئۆز» «مەن» گە: «شادلان!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن «مەن» شادلىنىشقا باشلىدى، كۆڭلىدە مەڭگۈ شادىيانە ئۆتۈشنى ئويلىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەستايىدىل باش قاتۇرۇشى كېرەك.

## 83

سىلەر — تەننى مەنستىمەيدىغانلار ئەسەبىيلىك ۋە مەنستىمەسلىك ئىچىدە «ئۆزۈڭ» لەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىلەر. سىلەرگە ئېيتسام، سىلەردىكى «ئۆز» ياشاشنى خالىماي ھاياتلىقنى تەرك ئەتمەكتە.

سىلەردىكى «ئۆز» ئۆزى خالايدىغان ئىشقا — ئۆزىدىن ھالقىشقا ئامالسىز، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ زور ئىستىكى ھەم بىردىنبىر جاھىللىقى.

## 84

قېرىندىشىم، سەندە بىر گۈزەل ئەخلاق بولسا، يەنە كېلىپ ئۇ پەقەت ئۆزۈڭگىلا خاس بولسا، ئۇنىڭدىن ھەرگىز باشقىلار بىلەن

تەڭ بەھرىمەن بولما.

85

پەزىلەتنىڭنى يوكسەكلىكتە ساقلا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۇ-پەتنى قوشما، سۆزلەشكە توغرا كەلسە، خىجىل بولما.

86

سەن ئۆز پەزىلەتىڭنى پىچىرلاپ تۇرۇپ سۆزلىشىڭ ھەم مەدھىيىلىشىڭ كېرەك.

87

بۇرۇن قىزغىنلىقىڭنى رەزىللىك دەپ بىلگەنىدىڭ، ئەمدى قېپقالغىنى گۈزەل پەزىلەت؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزغىنلىقتىن كەلگەن.

88

ئەڭ بۇيۇك مەقسىتىڭنى قىزغىنلىقىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قويغانىدىڭ، ئۇ پەزىلىتىڭ ۋە خۇشاللىقىڭغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 89

ھەر قانداق بىر ئوچۇق ـ ئاشكارا ئادەم يول يۇرگەندە گۇر-سۇلدەپ ماڭىدۇ، مۇشۇك ھەر تەرەپكە تىمىسقىلىغاندەك ئەمەس تېچپېچ يۇرىدۇ.

## 90

پەزىلەت توقۇنۇشلىرىدىن تۇغۇلغان رەزىللىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋۇجۇدۇڭدا رەزىللىك يوق.

## 91

قېرىنىدىشىم، بەختىڭ بولسا، ساڭا بىرلا پەزىلەت بولسىلا كۇپايە، كۆپ بولۇشىنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، شۇنىڭدىلا كۆۋرۈك-تىن ئاسان ئۆتىسەن.

كۆپ پەزىلەت ئىگىسى بولۇش خاتالىق ئەمەس، لېكىن ئۇ چىدىغۇسىز بىر تەقدىر. نۇرغۇن كىشىلەر پەزىلەتلەر ماجىراسى-نىڭ ئازابىغا چىدىيالماي، ئۆزىنى چۆللەردە ئۆلتۇرۇۋالغان.

92

پەزىلەتلەر بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىدۇ. ھەسەت ئىنتايىن قورقۇنچلۇق نەرسە، ھەربىر پەزىلەت ھەسەت تۈپەيلىدىن بەربات بولۇشى مۇمكىن.

93

ھەسەتخور ئادەم بىر چايان، ئۇنىڭ نەشتىرى ئاخىر ئۆزىگە سانجىلىدۇ.

94

ئۆزى سەۋەبلىك ئازابقا گىرىپتار بولغانلارنى تېزرەك ئۆلۈشكە دەۋەت قىلىشتىن باشقا قۇتقۇزۇش يولى يوق.

95

ئىدىيە بىلەن ھەرىكەت بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ھەرىكەت- نىڭ مەنىسى دېگەن باشقىچە گەپ. سەۋەب ـ نەتىجە چاقى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايلانمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

96

ھازىر رەزىللىكنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، كېسەل يۇقتۇرۇۋ-ۋالغان ئادەممۇ رەزىللىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئازابلىغان نەرسىلەر ئارقىلىق باشقىلارنى ئازابلاشنى ئويلايدۇ.

97

مەن دەريا بويىدىكى قاشا، ئۇنىڭغا كىم يۆلەنسە بولۇۋېرىدۇ! بىراق، مېنى ئۆزۈڭلەرگە ھاسا قىلىۋالماڭلار!

98

ئەسىرلەر ئىچىدە يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغاننى ياخشى كۆ-رىمەن. يۈرەك قېنىنىڭ بىلەن ياز، شۇ چاغدىلا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشنىڭ بىر روھ ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

99

باشقىلارنىڭ يۈرەك قېنىنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس، مەن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇمايدىغانلاردىن نەپرەتلىنىمەن.

## 100

ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى چۈشىنىدىغان ئوقۇرمەن كىتابخان ئۇ-چۇن يازمايدۇ. چۈنكى، بىر ئەسىر ئۆتۈش بىلەنلا، بۇ ئوقۇرمەنلەر (ۋە ئۇلارنىڭ روھى) ئوت - خەسلەردەك چىرىپ كېتىدۇ.

## 101

ھەممە ئادەمنىڭ ئوقۇيالىشىغا يول قويۇش يېزىقچىلىقنى بەربات قىلىۋېتىپلا قالماستىن، ھەتتا ئوقۇرمەننىڭ ئىدىيىسى-گىمۇ پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

## 102

ئىككى تاغ ئارىسىدىكى قىسقا ئارىلىق ئىككى چوققا ئارى-سىدىكى ئارىلىقتۇر. ئۇزۇن پۇتۇڭ بولغاندىلا، بۇ مۇساپىنى باسالاي-سەن: ھېكمەت — بەجايىكى تاغ چوققىسى، ئۇنى تىڭشايدىغان ئادەم ئاددىي ئادەم ئەمەس، بەلكى بۈيۈك ئادەم بولۇشى كېرەك.

## 103

سىلەر ئۆرلەشكە تەشنا بولغان چېغىڭلاردا ئېگىزگە قاراي-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سىلەر؛ ئەمما مەن تۆۋەنگە قارايمەن، چۈنكى مەن ئېگىزدە.

104

ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىققان ئادەم پانىي دۇنيادىكى راست - يالغان تراگېدىيىلەرگە قاراپ كۈلىدۇ.

105

قەيسەر بول، پىسەنت قىلما؛ قەتئىي بول، نەزەرگە ئالما؛ ئەقىل - پاراسەت بىزگە ئەنە شۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ. ئەقىل - پاراسەت پەقەت جەڭچىنىلا سۆيىدىغان دىۋەك.

106

ھاياتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىنتايىن تەس بولسىمۇ، بۇنچىۋالا ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى! ھەممىمىز نۇرغۇن يۈكنى ئارتىۋالغان قىچىر ياكى ئېشەك.

107

بىز ھاياتنى ھەقىقەتەن سۆيىمىز. ئەمما، بۇ ھاياتقا كۆنۈپ

قالغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتكە كۆنگەنلىكىمىزدىن.

108

قىزغىن مۇھەببەتتە ئەسەبىيلىك بار، ئەسەبىيلىكتىمۇ ئەقىل ـ ئىدراك بار.

109

ھاياتلىقنى سۆيىدىغان ماڭا ئوخشاش بىر كىشىنىڭ نەزىرىدە كېپىنەك، ماغزاپ ۋە ئارىمىزدىكى ئۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەممە نەرسە بەختنىڭ ئەڭ تولۇق بەھرىمەن بولالايدىغانلاردۇر.

110

بىز غەزەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى كۈلكە بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىمىز.

111

ئادەم بولسا دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇ پارلاق يۇكسەكلىككە قاراپ

قانچىكى يۇقىرى ئۆرلىسە، يىلتىزىمۇ قارا تۇپراققا — رەزىللىككە شۇنچە چوڭقۇر پاتىدۇ.

## 112

روھ يارىتالمايدىكەنمىز، باشقا روھلارنىمۇ بايقىيالمايمىز.

## 113

روھىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەن كىشىلەرمۇ ئۆزىنى پاكلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يەنىلا نۇرغۇن كىشەن ۋە پاتقاقلار بار. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىمۇ بىغۇبار ۋە پاك بولۇشى كېرەك.

## 114

ئالىيجانابلارنىڭ ياخشىلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەمەس، بەلكى نومۇسسىزغا، مەسخىرىۋازغا ۋە بۇزغۇنچىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن خەۋپسىرەيمىز.

## 115

روھمۇ بىر خىل ئىشرەت.



www.uighurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

116

شەھۋەتخورلۇق —گۇناھتۇر.

117

ئەگەر ھاياتقا بەكرەك ئىشەنسەڭلار، ئۆزۈڭلاردىن بىر پەستىلا ۋاز كەچمىگەن بولاتتىڭلار.

118

قىلغان ئىشلىرىمىزنى باشقىلار چۈشەنمىگەندە، كىشلەر يا بىزنى ماختايدۇ، يا بولمىسا ئەيىبلەيدۇ.

119

سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ باشقىلارنىڭ قولاق تۈۋىدە جاراڭلاپلا تۇ-رۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارغا پەرۋا قىلما، ئۇلار سەن ئىجاد قىل-غان گۈزەل مېلودىيىنى چۈشەنمەيدۇ. سېنىڭ باشلاپ مېڭىش ئى-رادەڭنى چۈشەنمەيدۇ. سەن گەرچە ئازادە چوڭ يولدا ھەربىي ئور-كېستىرغا ئەگىشىپ كەلمىسەڭمۇ، خەقنىڭ ساڭا ھاياتىڭ مۇزد-كىسىز ھايات بولدى دېيىش ھوقۇقى يوق. كىمنىڭ قۇلىقى بولسا،

شۇ سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى...

**120**

ئەخلاق پەقەت ئۆز ئەخلاقىغا ئىشىنىدىغان ئادەملەرگىلا بەخت ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلالايدۇ. ئۇلۇغ ئادەملەرگە بەخت ۋە خۇشاللىق بېرەلمەيدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ ئەخلاقى ئۆز ئەخلاقى ۋە بارلىق ئەخلاققا گۇمانلىق نەزەردە قاراش ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى ئېتىقاد، ھەرگىز ئەخلاق ئەمەس.

**121**

ياخشىلىق — قەيسەرلىكتۇر. قىزچاقلار بولسا: «ياخشىلىق دېگەن نازاكەت» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**122**

مەغرۇرلار بىلەن ئاجىزلار رەزىللىكتە ئۇچرىشىدۇ.

**123**

دۈشمەنلىرىڭلاردىن نەپرەتلىنىڭلاركى، ئۇلارنى كەمسىتمەڭلار؛ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىڭلار. شۇ چاغدىلا،

دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆتۈكى سىلىغانلىقىدىن ئۆتۈكى ئۆتۈكلۈك بولىدۇ.

124

بىر ئىشنى بۇزۇۋېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى شۇ ئىشنى قەستەن بۇرمىلاپ ئاقلاشتۇر.

125

مىللەتنى بەرپا قىلغان، مىللەتكە ئېتىقاد، سۆيگۈ ئاتا قىلغان كىشى ھەقىقىي ياراتقۇچىدۇر.

126

ياخشى ـ يامانلىقلار ھەققىدە ھەرقانداق بىر مىللەتتە باشقا مىللەتلەر چۈشەنمەيدىغان ئىبارىلەر بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزگە خاس قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن كەلگەن.

127

دۆلەت — ياخشى ـ يامانلارنىڭ ئۆز ئۇسسۇزلۇقىنى ئوغا بىر-لەن قاندۇرىدىغان ماكان، ئۇ ماكاندا كىشىلەر ئۆز ئەركىنلىكىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يوقىتىدۇ. دۆلەت — نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى ئاستا - ئاستا ئۆلتۈرۈۋالىدىغان، ئەمما ئۇنى ھاياتلىق دەپ ئاتىۋالىدىغان ماكان.

## 128

ئەركىن ھايات يەنىلا ئۆزىدىن ئۇلۇغ روھلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىنى كۈتمەكتە. دەرھەقىقەت، ئادەمنىڭ مال - مۈلكى قانچە ئاز بولسا، ئۇ ئۇنىڭ دەردىنى شۇنچە ئاز تارتىدۇ، ئۇنىڭغا شۇنچە ئاز تۇتۇلىدۇ. مۇۋاپىق نامراتلىق — بەخت - سائادەتتۇر.

## 129

دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسىمۇ ھۆپىگەرلەرنىڭ ماختاپ ئۇ- چۇرۇشلىرى بولمىسا نەزەرگە ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئاۋام ھۆپىگەر- لەرنى چوڭ بىلىدۇ.

## 130

دۇنيا يەنىلا يېڭى قىممەت ياراتقۇچىلارنى بويلاپ ئايلىنىدۇ، بۇنداق ئايلىنىش شەكىلسىز بولىدۇ.

131

چوڭقۇر قۇدۇق سۇيىنىڭ لەززىتىنى تېتىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك. ئۇزاق كۈتكەندىلا زېمىنىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

132

بارلىق ئۇلۇغ نەرسىلەر بازار ۋە شۆھرەتتىن يىراق جايدىلا كۆز ئاچىدۇ. شۇڭا، يېڭى قىممەتنىڭ  ياراتقۇچىلىرىمۇ كۆپ ھال-لاردا ئاشۇنداق يەردە بولىدۇ.

133

قورقۇنچاقلار چېچەن كېلىدۇ.

134

قاتىلنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش غىلجىڭ ئايالنىڭ چۈشىگە كىرىپ قېلىشتىن ياخشىراق.

135

پەسكەش ھەۋەس ئۆز نىسىۋىسىگە ئېرىشەلمىگەندە، بىچارە-لىك بىلەن روھ تىلەيدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

**136**

ئالۋاستىلارنى قوغلايمەن دەپ توڭگۇزلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغانلار ئاز ئەمەس.

**137**

بىزنىڭ باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىمىز ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**138**

شۇنداق، سىلەر ھەقىقەتەن كۈلكىلىك! بولۇپمۇ ئۆزۈڭلاردىن ھەيران قالغاندا!

**139**

كىم ئۆزىنى زىيادە ئاشكارىلىۋېتىدىكەن، كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ قويىدۇ. شۇڭا، ئاشكارىلىنىشتىن ساقلىنىڭلار.

**140**

دوست دېگەن پەرەز ۋە سۈكۈت قىلىشقا ماھىر چېچەنلەردىن

بولۇشى كېرەك. ھەممىنى ئېنىق كۆرۈش ھاجەتسىز. چۈشلىرىڭ دوستۇڭنىڭ سەگەك ۋاقىتتىكى ئىشلىرىنى ئايان قىلسۇن.

141

ئىدىيە — ھېسسىياتىمىزنىڭ سايىسى. ئىدىيە ھامان ھېسسىياتى ئىللىق، خام ـ خىيالغا تولغان، ئاددىي بولىدۇ.

142

دوستۇڭغا بولغان ھېسداشلىقىڭنى ئوق ئۆتمەيدىغان قاپ ئىچىگە يوشۇرۇپ قوي، شۇ چاغدىلا ئۇ سالاپەت ۋە شېرىنلىككە ئىگە بولىدۇ.

143

نۇرغۇنلار ئۆزى كىشەندىن قۇتۇلالمىسىمۇ، دوستىنىڭ ھۆر بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ.

144

ئۇزاقتىن بېرى، قۇللۇق بىلەن زوراۋانلىق ئاياللارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنۇۋالغان. شۇڭا، ئاياللار دوستلۇقنى چۈشەنمەيدۇ، پەقەت مۇھەببەتنىلا بىلىدۇ.

## 145

مۇھەببەت ئىلكىدىكى ئاياللار ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان نەرسىلەرگە ناتوغرا ۋە ئۇزۇل - كېسىل مۇئامىلىدە بولىدۇ.

## 146

قىممەت ئۆلچىمى يوق ھالدا ياشىيالايدىغان بىرمۇ مىللەت يوق. بىر مىللەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولماقچى بولىدىكەن، ئۇ جەزمەن باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

## 147

غەلىبىنىڭ ئەڭ پايدىلىق تەرىپى مەغلۇبىيەت ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇشتۇر.

## 148

دەۋر بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇنى ئىشىكىنىڭ سىرتىدا

قالدۇرۇپ قويىدىغان كىشىلەر بار، ھەتتا بەزىلەر دەۋرنىڭ مەسئۇ-لىيىتىنى سۇرۇشتۇرىدۇ. بۇنداق قىلىش تەسىر پەيدا قىلىدۇ. دەۋر تەسىر پەيدا قىلىشنى ئويلىغانمۇ ـ يوق؟ بۇ مۇھىم ئەمەس، ئاچقۇچلۇق مەسىلە — ئۇنىڭ تەسىر پەيدا قىلىشقا قادىر بولغانلىقىدا.

## 149

ئېھتىيات قىل، ئۇ بىر خىيالغا چۆكسە، شۇ ھامان بىر يالغانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھەممە مىللەت بېسىپ ئۆتىدىغان مەدەنىيەت پەلەمپىيىدۇر. ئويلاپ بېقىڭلار، رىملىقلارنىڭ «iritnem» (يالغان) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟!

## 150

ھەممە ئىشنى يىلتىزىغىچە سۇرۇشتۇرۇش — ئۆزىگە ئۆزى ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان بىر خىل ئادەتتۇر. ئۇ كىشىنى كۆزىنى چوڭ ئېچىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئەڭ ئاخىر بايقىغان نەرسە ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ چوڭ ۋە كۆپ بولىدۇ.

## 151

پاك كىشىنىڭ ۋىجدانى، سەمىمىيلىكى ھەمىشە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىنى پەرىشان قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ۋىجدان، پاكلىق بىر خىل سەمىمىي خاراكتېر سۈپىتىدە باشقا بىر دەۋرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر.

## 152

گۈزەل ئەخلاق ئالدىدا ھەممە كىشى خۇشامەتچى بولۇپ كېتىدۇ.

## 153

ئۆزىنى دەڭسەش — بىر خىل ھېسسىي كۆزىتىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇلدا ئادەمگە يېقىندىكى نەرسىلەر چوڭ ۋە ئېغىر، يىراقتىكى نەرسىلەر كىچىك ۋە يېنىك كۆرۈنىدۇ.

## 154

بىلىمەن، بۇ تالانتلىق كىشىلەر خاتىرجەملىك ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇلار ئەتراپىغا قاپقارا بولۇپ كۆرۈنىدىغان نۇرغۇن نەرسىنى يىغىۋالدى. كىمىكى ئۇخلىماقچى بولىدىكەن، ئۆيىنى قاراڭغۇ قىلىدۇ ياكى بولمىسا ئۆڭكۈرلەرگە شۇڭغۇيدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھېچقانداق

نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرگە قىلىنغان ئەڭ ياخشى ئىشارە.

## 155

بارلىقىم ماڭا: «مېنى مەدھىيىلە، مېنى ئىلگىرى سۈر، ماڭا تەسەللى بەر» دەيدۇ. مەن بۇنىڭدىن باشقا گەپلەرنى ئاڭلىمايمەن، ئاڭلىساممۇ شۇھامان ئۇنتۇپ كېتىمەن. بىز ئەزەلدىن پەقەت ئۆزد- مىز بىلەنلا ئالاقە قىلىمىز.

## 156

ئاۋامنىڭ مەلۇم ئادەمگە بولغان مىننەتدارلىقى چېكىدىن ئاشقاندا، ئۇ كىشى ئابرۇيغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

## 157

بىلىملىك كىشى چۈشىنىشلىك، ئېنىق سۆزلەيدۇ. ساختا بىلىملىك بولسا قەستەن سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، چۈنكى كىشىلەر ئايىغى چىقمايدىغان نەرسىلەرنى بۈيۈك بىلىشىدۇ. ئۇلار بەكمۇ قورقۇنچاق، ھەتتا سۇ تېگىنى قېلىشتىنمۇ قورقىدۇ.

## 159

«ئادەم تەنها قالغاندا، ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ خەت يازغاندىكى ئاۋازىمۇ ئۇنلۇك چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بوشلۇقنىڭ ئەكس سادا ياندۇرۇشىدىن قورقىدۇ» دېدى ئورمان ئىلاھى. تەنهالىق ئىچىدە ھەممە ئاۋاز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

## 160

مېنىڭچە، دۇنيادىكى تۇنجى مۇزىكانت بەخت ۋە تراگېدىيەنىلا بىلىدىغان، باشقا ئازابلارنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇنداق مۇزىكانت ھازىرغا قەدەر دۇنياغا كەلمىدى.

## 161

ئۇنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرى ھەم توغرا، ھەم ئاددىي ئىشلاردۇر. لېكىن ئۇ خاتىرجەم ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇرچى ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشىش.

## 162

ئۇ بىر مۇتەپەككۇر. بۇ شەيئىلەرگە شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ

ئاددىي مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر بولۇش دېگەنلىكتۇر.

163

A: ئادەم پەقەت ئۆز خىللىرىنىڭلا مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولالايدۇ.

B: راست، سېنى مەدھىيىلىگۈچى ئادەم ساڭا: «سەن ماڭا بەك ئوخشايدىكەنسەن» دەيدۇ.

164

بىر ئىشنى بۇزۇۋېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى — شۇ ئىشنى قەستەن بۇرمىلاپ ئاقلاشتۇر.

165

كىشىلەر پەقەت ئۆزى جاۋاب تاپالايدىغان سوئاللارنىلا ئاڭلاشقا ئامراق.

166

بىزنىڭ باشقىلارغا ئەڭ دەپ بەرگۈمىز كېلىدىغان نەرسە مەخپىي كونۋېرت ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان نەرسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**167**

ھاكاۋۇر ئادەم ئۆزى باشلاپ ماڭغان ئادەمدىنمۇ زېرىكىدۇ. ئۇ ھەتتا ھارۋىدا ئولتۇرغاندىمۇ ھارۋىنى تارتىپ كېتىۋاتقان ئاتقا مەغرۇرلۇق بىلەن تىكىلىدۇ.

**168**

بايلارنىڭ مەردلىكى — پەقەت بىر نازلىنىشتۇر.

**169**

چاۋاك چېلىنغاندا ھامان بىر يېقىمسىز ئاۋاز چاۋاكقا ھەمراھ بولماي قالمايدۇ. ئۆزىمىزگە چاۋاك چالساقمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**170**

ھەرقانداق دەۋر سىلەرنىڭ روھىڭلاردا شىكايەت قىلىدۇ، ئۇ-نىڭ خىيالى ۋە پاراڭلىرى ھوشيارلىقىڭلاردىنمۇ رېئال.

**171**

ئادەتتە نادانىنىڭ ئىدىيىسى بولمايدۇ، لېكىن ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۇ نۇرغۇن ئۇسال چارىلەرنى تېپىپ چىقالايدۇ.

## 172

ناۋادا، ئىشىڭ قوڭغۇرىقى بولمىسا، ئىشىكنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چەكسەڭ، ھەرگىز ئەدەپسىزلىك بولمايدۇ. بۇ قەلەندەرلەر ۋە ھەر خىل قىيىن كۈنگە قالغان ئادەملەرنىڭ پەلسەپىسى. لېكىن، بۇ پەلسەپىنى ھېچكىم قوللىمايدۇ.

## 173

بۇ كىشى تۇغما ھەسەتخور. ئۇنىڭ بالىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلماڭ. چۈنكى، ئۇ ھەتتا ئۆز بالىسىغا قاراپمۇ ئۆزىنىڭ بالا بولۇپ قالمىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ.

## 174

داداڭدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ئەقىدە ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ.

## 175

ئاۋاز بەك چوڭ بولۇپ كەتسە، ئىنچىكە پىكىر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## 176

مەن تەسىرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بومبىغا ئوخشاش پارتلاي-دىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇش بەكمۇ خەتەرلىك، سەن توساتتىن دۈت بولۇپ قېلىشىڭ، ھەتتا ئۇ-نىڭدىن ئارتۇق زىيانلارغا ئۇچرىشىڭ مۇمكىن.

## 177

گۈزەللىك قەھرىمانلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك. ھەر قانداق ئەسەبىي ئىرادە گۈزەللىككە ئېرىشەلمەيدۇ.

## 178

— بىز باشقىلارنىڭ گېپىنى كۆز بىلەن ئاڭلايمىز، — دېدى باشقىلارنىڭ تۇۋسىنى قوبۇل قىلمىۋاتقان ياشانغان گاس پوپ،— لېكىن ئەمالار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىمنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن بولسا، شۇ پادىشاھتۇر.

## 179

مەن ھايۋانلارنىڭ ئادەم ئۆزىمىزنىڭ خىلى، ئۇ بەكمۇ خەتەر-

لىك، ئەقلىدىن جۇدا بولغان، ھەم كۈلىدىغان، ھەم يىغلايدىغان، بىمەنە ۋە بەختسىز ھايۋان دەپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

## 180

ئىككى مۇتەپەككۇر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئالاھىدە شەيئىلەرنى كۆزىتەلەيدىغان كۆزگە ئىگە بو- لۇپ، ھەممە شەيئىنى ئوخشاشتەك ھېس قىلاتتى. ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، مانا بۇ دەل كۆزى ئاجىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

## 181

بىلىم ئىگىلەش سۈرئىتى ئاستا كىشىلەر ئاستىلىقمۇ بى- لىمنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.

## 182

كىشىلەر يا مەڭگۈ چۈش كۆرمەسلىكى، ياكى بولمىسا چۈشتىن زوق ئېلىشنى بىلىۋېلىشى كېرەك. كىشى يەنە سەگەك يۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، يەنى يا ئويغانماسلىقى، ياكى بولمىسا ئويغاقلىقتىن زوقلىنىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان تارقاتقۇچىسى

183

بەزى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى تەرەققىي قىلىپ يۇكسەكلىككە يېتەلىسىمۇ، لېكىن ئىدىيىسى يۇكسەكلىككە يېتەلىشى ناتايىن، لېكىن بەزىلەردە ئەھۋال ئەكسىچە بولىدۇ.

184

ئۇ بىر ھەسەت قىلمايدىغان ئادەم. بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ ھازىرغىچە ھېچكىم بېرىپ باقمىغان ھەم كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر جاينى ئىگىلەش كويىدا.

185

بىر ئادەم قايغۇغا چۆمسە، پۈتۈن ئائىلىنىڭ كەيپى ئۇچىدۇ.

186

«بۇ ياخشى ئەمەس» دېيىشنى ئۇققان كىشىلەرلا ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ.

187

سەنئەتكار تاللىغان ماتېرىيال دەل ئۇنىڭ مەدھىيىلەش شەكلىدۇر.

188

ئادەت قولىمىزنى ئەپچىل، ئەقلىمىزنى گال قىلىۋېتىدۇ.

189

كۆڭۈل قويۇپ ئىش قىلىدىغان، ئىرادىلىك كىشى ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالايدۇ.

190

بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ قانچىلىك بايلىقىنى بىلمەيدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار نۇرغۇن باي كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قالىدۇ.

191

«بىر» ھەمىشە خاتالىشىدۇ، چۈنكى ھەقىقەت «ئىككى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

باشلىنىدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ، شۇڭا ئىككى ئادەم بولسا، ئۇلارنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

## 192

مۇستەقىل خاراكتېر دېگەن نېمە؟ تېخى نامى يوق، ھەممە ئادەم كۆرۈپ تۇرۇپ نام قويمىغان نەرسە مۇستەقىل خاراكتېر دېيىلىدۇ. ئادەتتە كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ نامى بولىدۇ. بۇ بىر ئادەت. شۇڭا، مۇستەقىل خاراكتېر ئىگىسى ئالاھىدە ئادەمدۇر.

## 193

مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغدا ئامال بار كەمچىلىكىمىزنى يوشۇرۇشقا تىرىشىمىز. لېكىن، بۇنداق قىلىش شۆھرەتپەرەسلىك ئەمەس، بەلكى سۆيۈلگۈچىنى ئازابلىماسلىق ئۈچۈندۇر. شۇنداق، ئاشىق ئۇلۇغۋار قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشنى خالايدۇ، بۇ ھەرگىز شۆھرەتپەرەسلىك ئەمەس.

## 194

ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە كىشى ئۆز نەتىجىسى ۋە ئۆزىگە بېرىلـ

گەن باھالاردىن ھالقىپ كېتىپلا قالماي، ئادىللىقتىنمۇ ھالقىپ كېتىدۇ.

195

ناۋادا، كىمىكى بىرلا ۋاقىتتا ھەم چوڭقۇر ئازاب، ھەم يۈك-سەك ئۇمىدكە يۈزلىنەلىسە، قەھرىمان بولالايدۇ.

196

سەن ئۆزۈڭگە ئايلىنالىشىڭ كېرەك.

197

ساڭا ئەڭ چوڭ خەتەر ھېسداشلىقتىن كېلىدۇ.

198

ئۆزىدىن ئۆزى خۇدۇكسىرەيدىغان ئادەم ئەڭ ناچار ئادەمدۇر.

199

ئەڭ ئىنسانپەرۋەر ھەرىكەت — خەقنىڭ خۇدۇكسىرىشىنى يوقىتىش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىلىش ئادرېسى

## 200

ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكنىڭ بەلگىسى — قايتا خۇدۇكسىرىمەسلىكتۇر.

## 201

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رېكورتى بولىدۇ.

## 202

بىر مىللەتنىڭ ئېھتىياجىنى، تۇپرىقى ۋە ئاسمىنىنى، قوشنىلىرىنى چۈشەنسەڭلا، ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشتا تايانغان پرىنسىپلىرىنى ھەمدە نېمە ئۈچۈن ئارزۇسىغا بىرەر شوتا ئارقىلىق يەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلەيسەن.

## 203

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەنمۇ، ئىلاھدىن ئېتىپ قالغانمۇ؟ ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى.

204

قىممەت ئاتا قىلىش — ئىجادىيەتتۇر. قۇلاق سېلىڭلار، ئەي ياراتقۇچىلار! قىممەت ئاتا قىلىشنىڭ ئۆزى قىممەتكە سازاۋەر نەرسىلەر ئىچىدىكى بىباھا دۇردانىدۇر.

205

ئەي قىممەت ياراتقۇچىلار! شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، قىممەت ياراتقاندىلا، ئاندىن قىممەتتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. قىممەت ئاتا قىلىنمىغان مەۋجۇدىيەت شاكالدۇر، خالاس!

206

ئاۋامنىڭ شادلىقى خۇسۇسىي شادلىقنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاۋامنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، «شەخسىيەتچىلىك قىلىش» ۋىجدانغا مۇخالىپتۇر.

207

توغرا، قۇۋ ـ رەھىمسىز «شەخسىيەت» كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدەيدۇ. مانا بۇ، كۆپچىلىكنىڭ روناق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

تېپىشىدىن ئەمەس، ھالاك بولۇشىدىن بېشارەتتۇر.

208

سۆيگۈ ئەھلى ۋە ياراتقۇچىلار ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئىجاد قىلىپ تۇرىدۇ. مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ ئوقلىرى بارلىق ئەخلاقنىڭ نامىدا لاۋۇلداپ كۆيمەكتە.

209

«سەن» «مەن» دىن ئەزىز، مانا بۇ «مەن» ئەمەس، «سەن» نىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى.

210

كاززاپلار ئۆزىنى بىلمەسكە سالالىغانغا ئوخشاش، يەنە بىلمەي تۇرۇپمۇ ئۆزىنى بىلەرمەن كۆرسىتەلەيدۇ.

211

سىرتقا ئىنتىلگەن ئادەم ئوڭايلا ئېزىپ قالىدۇ.

212

پەرۋاز قىلغۇاتقانلار باشقىلارنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە

بەكرەك ئۇچرايدۇ.

213

بەزىلەرگە قول بېرىش ھاجەتسىز، ئۇلارغا پۈتۈنلەي سۇنساڭلا، كۇپايە! ياخشىسى، پۈتلىرىڭدا ئۆتكۈر تىرناقلىرىڭ بولسۇن!

214

مۇھەببىتىڭ بىلەن يارىتىش قۇدرىتىڭنى ئۆزۈڭ تەنھا جايغا ئەكەت، ھەققانىيەت كەينىڭدىن ئۆزى يېتىپ بارىدۇ.

215

سىپايىلىك — ئۇلۇغلارنىڭ مەردانىلىقىدۇر.

216

ھەقىقىي ئەر ئىككى نەرسىگە موھتاج: بىرى خەۋپ ـ خەتەر، يەنە بىرى ئويۇن. شۇڭا، ئۇلار ئايالـلارغا موھتاج.

217

ئەڭ شېرىن ئايالنىڭمۇ قىرتاق يەرلىرى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

218

ئاياللار باللارنى ئەرلەردىن ياخشىراق چۈشىنىدۇ. لېكىن، ئەرلەر ئايالالرغا قارىغاندا سادا كېلىدۇ.

219

ھەقىقىي ئەرلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھامان بىر بالا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، يەنى ئۇ ئويۇننى ئوينايدۇ. ئايالالر، سىلەر ئەرلەرنىڭ قەلبىدىكى بالانى تېزرەك تېپىڭلار!

220

ئايالالر سۈزۈك ۋە ئەپچىل ئويۇنچۇققا ئوخشايدۇ، ئۇلار خۇددى ياقۇتتەك كەلگۈسى دۇنيانىڭ ئەخلاقىي نۇرلىرىنى چاچىدۇ.

221

ئايالالر شان ـ شەرەپنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپى سۆيۈلۈشتە ئەمەس، سۆيۈشتە ھەم ئارقىدا قالماسلىقتا!

222

ئاياللار سۆيگەندە، ئەرلەر چۆچۈپ كەتسۇن. بۇنداق چاغدا ئا-
ياللار ھەرقانداق قۇربانلارنى بېرىشكە قادىر، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا
باشقا نەرسىلەر قىممەتسىز.

223

ئاياللار نەپرەتلەنگەندە، ئەرلەر چۆچۈپ كەتسۇن. چۈنكى ئەر-
لەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئېسىل بولمىسا، ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇن-
ياسى پەسلىشىپ كېتىدۇ.

224

ئەرلەرنىڭ بەختى «قىلمىشىم كېرەك» دېگەن سۆزدە، ئايال-
لارنىڭ بەختى «قىلمىشى كېرەك» دېگەن سۆزدە.

225

كالىنىڭ خۇشاللىقى تۇپراققا بولغان يېقىنلىقتا، ھەرگىز-
مۇ زېمىننى مەسخىرە قىلىشتا ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

226

ئەرلەرنىڭ روھىي دۇنياسى چوڭقۇر بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئېقىنلىرى زېمىن تەكتىدىكى بۆلەكلەردىن دولقۇنلاپ ئۆتىدۇ. ئاياللار بۇنداق كۈچنى ھېس قىلسىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ.

227

غەزەپلىنىش ھاقارەتلەشتىن تۈزۈك! قارغاشقا ئۇچرىغىنىڭلاردا، باشقىلارنىڭ بەخت تىلىشىگە قاراشلىق بولۇپ قالمىغىنىڭلاردىن خۇشال بولىمەن.

228

ئاز ـ تولا قىساسخورلۇق مۇتلەق قىساسسىزلىققا قارىغاندا ئىنسانىي تەبىئەتكە يېقىن. جازا گۇناھكارغا نىسبەتەن ھوقۇق ياكى شان ـ شەرەپكە ئايلانمىسا، مەن بۇنداق جازانى ياقتۇرمايمەن.

229

ئۆزى ئۇۋۇالچىلىققا قېلىپ تۇرۇپمۇ ئادالەتنى قوغداش ئالىي

پەزىلەتتۇر، ئۆزىگە نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك بولغاندا تېخىمۇ شۇن-
داق، بۇنىڭغا مەردلىك كېرەك.

230

ئادالەتنى چىن دىلىدىن ئىزدەيدىغان ئادەمنىڭ گېپىمۇ ئىن-
سانىيەتكە نىسبەتەن مۇھەببەتتۇر.

231

نىكاھ دېگىنىم، ئىككى ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزلى-
رىدىنمۇ ئۈستۈن بولغان ئادەمنى يارىتىشتۇر؛ نىكاھ دېگىنىم،
ئۆزئارا ھۆرمەت، يەنى ئاشۇ ئىرادە ئىگىلىرىنىڭ ھۆرمىتىدۇر.

232

مۇھەببەت — سىلەرنىڭ ئۆرلەش يولۇڭلارنى يورۇتىدىغان
ئوتقاش.

233

ئەڭ پۇچەك ياڭاقمۇ چېقىلىشنى ئارزۇ قىلغاندەك، ئارتۇقچە
ئادەملەرمۇ ئۆلۈمنى مۇھىم دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن يۇرەك قې-

نىنى سەرپ قىلىدۇ.

234

كىشىلەر ئۆلۈمنى چوڭ ئىش دەپ قارايدۇ. بىراق، ئۆلۈم مەركەز ئەمەس. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى مۇقەددەس مەركەزگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ.

235

ئادەم ئاشۇنداق ئۆلۈمنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۆلگەنلەر تىرىكلەرنىڭ قەسەمنى مۇقەددەسلىككە كۆتۈرەلمىسە، مەركەزنىڭ بولماسلىقىمۇ تەبىئىي.

236

ئابرۇيغا ئېرىشكەن ئادەم مۇۋاپىق شارائىتتا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلىشى كېرەك.

237

ئادەم ئۆزى شېرىنلەشكەندە، باشقىلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتىن پەخەس بولۇشى كېرەك. ئۇزاق ياخشى كۆرۈنۈشنى ئىستەيدىغان

ئادەم تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

## 238

بەزىلەرنىڭ يۈركى، بەزىلەرنىڭ روھى بالدۇر قېرىيدۇ. بە-
زىلەرنىڭ يېشى تېخى كىچىك تۇرسىمۇ، ئۇ قېرى كۆرۈنىدۇ. ئەمما،
ئالدىرىماي يېتىلگەن ياشلار ياش پېتى تۇرۇۋېرىدۇ.

## 239

نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەبەدىلئەبەد شېرىنلەشمەيدۇ،
ئۇلار ياز مەۋسۇمىدىلا چىرىشكە باشلايدۇ. توخۇ يۈرەكلىك ئۇلارنى
شاخلىرىدىن ئاجراتمايدۇ.

## 240

قۇرامىغا يەتكەن بىر ئادەم ياشلارغا قارىغاندا साددا ھەم غەم-
سىز كېلىدۇ، شۇڭا ھايات ـ ماماتنى بەكرەك چۈشىنىدۇ.

## 241

ئۆلۈم پەيتىدىكى روھىڭلار، ئەخلاقىڭلار زېمىننى پېتىۋاتقان
قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدەك يورۇتسۇن، ئۇنداق بولماي تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىش ئادرېسى

كۆز يۇمساڭلار، بۇنىڭ ئۆزى مەغلۇبىيەتتۇر.

242

ئەڭ يۇكسەك ئەخلاق بىباھا بولىدۇ، شاپائەت ئەخلاقى ئەڭ يۇكسەك ئەخلاقتۇر.

243

روھىڭلارنىڭ دۇردانىلەرگە بولغان ئىنتىلىشى مەڭگۈ قانائەت تاپمايدۇ، چۈنكى ئەخلاقىڭلار شاپائەت ئىرادىسى ئىچىدە مەڭگۈ قاناـ ئەت ھاسىل قىلالمايدۇ.

244

ئەي ھەكىم، خۇددى بىمارىڭنى داۋالىغانداك ئاۋۋال ئۆزۈڭنى داۋالا. بىمارلارنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى ئۆزىگە كۆرسىتىپ بېرىشتۇر.

245

روھىم كونا ئاياغنى كىيىپ يول يۈرۈشنى خالىمايدۇ.

## 246

يارىتىش — ئازابتىن قېچىش ھەمدە ھاياتتىن تەسەللى تې-
پىشتۇر. بىراق، ياراتقۇچىنى يارىتىش ئۇچۇن ئازاب ۋە ھەرخىل
كەچۇرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزمەي بولمايدۇ.

## 247

ئىرادە ھەممىنى ئازاد قىلىدۇ، مانا بۇ ئىرادە ۋە ئازادلىقنىڭ
ھەقىقىي مەنىسى.

## 248

ئىزدىنىش ئىچىدە ھېس قىلغانلىرىم پەقەت ئىرادىنىڭ تۇ-
غۇلۇش ۋە ئۆزگىرىش شادلىقىدۇر. ناۋادا، بىلگەنلىرىمدە ئاز - تولا
ساپلىق بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت تۇغما ئىرادەمنى ساقلاپ قالغانلى-
قىمدىندۇر.

## 249

ئىستەك ئىگىلىرىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا يۈرۈشى ھايۋانلار
ئارىسىدا يۈرگىنىگە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

250

ئىستەك — ئىگىسىگە نىسبەتەن قىزىل يۇزلۇك ھايۋاندۇر.

251

خىجىللىق، خىجىللىق، خىجىللىق. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ تارىخىدۇر!

252

ئالىيجانابلار باشقىلارنى پەقەت خىجىل قىلمايدۇ، جاپاكەش-لەر ئالدىدا خىجىل بولۇپ، يۈزىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

253

بىز خۇشال بولۇشنى ئۆگەنگەندە، باشقىلارغا ئازار بېرىش ۋە كۆلپەت كەلتۈرۈشنى ئۇنتۇپ كېتەلەيمىز.

254

ئەرزىمەس رەزىللىك ھەققىدىكى خىياللار بىزنى نۇرغۇن رە-زىللىكتىن ساقلاپ قالىدۇ.

255

رەزىللىك بەئەينى يىرىڭلىق يارا، ئۇ قىچىشىدۇ، قىزىرىدۇ، ئاندىن سېسىيدۇ. ئۇ سۆزلىسە ناھايىتى دەبدەبىلىك سۆزلەيدۇ.

256

قەلبىمىزنى مەھكەم تۇتايلى، ئۇنى قاچۇرۇپ قويساق، كال-لىمىزمۇ توختاپ قالىدۇ!

257

مۇھەببەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ قەلبىدىن ھالقىپ كېتەلمىسە، بۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

258

بۇيۈك مۇھەببەت ھېسداشلىقتىن ئەلا. چۈنكى، ئۇ ئۆزى سۆيگەن ھەرقانداق نەرسىنى يارىتىدۇ.

259

ساختا قىممەت ۋە پۈچەك ئىبارىلەر ئىنسانلار ئۇچۇن ئەڭ

دەھشەتلىكتۇر.

260

گۈزەللىكنىڭ ئاۋازى نازاكەتلىك، ئۇنى سەگەك قەلبلەرگىلا ئاڭلاتقىلى بولىدۇ.

261

ئۆز ئەخلاقىغا ئۇچۇن كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلار ۋە ئىزدىنىشلار خۇددى ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ نۇرى ئۆزىنىڭ مەنبەسى بولغان يۇلتۇزغا ئەگىشىپ ئاسماننى يېرىپ ئىلگىرىلەيدۇ.

262

ئەخلاقىڭلار پەقەت «ئۆزۈڭ» لەردىنلا ئىبارەت بولسۇن، باشقا نەرسە، يەنى تېرە ياكى تون بولۇپ قالمىسۇن. بۇ دەل سىلەردەك ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى ھەقىقەت.

263

ھايات — شادلىق بۇلىقى، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى پەسكەش-

لەرمۇ ئىچكەچكە بولغانغان. بۇ مۇقەددەس بولاقنىڭ سۈيى ئۇلارنىڭ نەپسىدىن بولغانغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەينەت چۈشلىرىنى خۇ- شاللىق دەپ، خۇشاللىق دېگەن سۆزنىمۇ بولغىۋەتتى.

264

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتتىن ۋاز كېچىشى پەسكەشلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن؛ ئۇلار بولاق، ئوت ۋە مېۋىلەردىن پەس- كەشلەر بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايدۇ.

265

سىلەرنىڭ پىنھاندىكى ئەسەبىي ئىشتىڭلار ئەسلىدە ئەخلاقىڭنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان.

266

ئانىنىڭ مەخپىيىتى پەرزەنتىدە ئاشكارىلىنىدۇ. مەن دائىم پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇلارنىڭ دادىسى ئېيتمىغان سىرلارنى بايقايمەن.

267

ياخشىلىق ۋە يامانلىق، بايلىق ۋە نامراتلىق، ھۆرمەت ۋە

كەمسىتىش ھەمدە بارلىق ئەدەپ ناملىرىنىڭ ھەممىسى قورال، شۇنداقلا ھاياتنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىشقا ئۈندەيدىغان چاقىرىقتۇر!

## 268

ھايات ئۆزىنى تاش تۈۋرۈك ۋە پەشتاقلار بىلەن يۇكسەلدۇ. رۇشنى، گۈزەل يىراقلىقىقا ۋە قۇۋناق مەنزىرىگە نەزەر سېلىشنى ئويلايدۇ، شۇڭا ئۇ يۇكسىلىشى كېرەك!

## 269

گۈزەللىك قويىنىدىمۇ كۈرەش، باراۋەرسىزلىك، شۇنداقلا ھوقۇق ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ تالاش ـ تارتىشى بولىدۇ.

## 270

گويا ئىت بۆرىنى ئۆچ كۆرگىنىدەك، ئاۋامنىڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ئەركىنلىك روھى، يەنى كىشىنىڭ دۈشمىنى ۋە ئورماندا ياشاپ ھېچكىمگە تەن بەرمەيدىغان ئادەمدۇر.

## 271

يېشىللىق بار جايدا مەبۇد بار.



كىتاب تورىيكتىپى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

272

گۈزەل ئەخلاق ئالدىدا ھەممە كىشى خۇشامەتچى بولۇپ كېتىدۇ.

273

مالايلىقتىن باشقا يول قالمىغاندا، سەن ئەڭ كۆپ پايدا يەت-كۈزىدىغان ئىشنى تېپىپ قىل! خوجايىنىڭنىڭ روھى ۋە ئەخلاقى خىزمىتىڭ تۈپەيلى كۈنسېرى ياخشىلانسۇن، شۇندىلا سەنمۇ ئۇ-نىڭ بىلەن بىرگە ئىلگىرىلەيسەن!

274

روھ سەكراتتىكى ھاياتنىڭ ھاياتى، ھايات ئۆزىنىڭ ئازابىدىن زور يۈكسىلىش تاپىدۇ.

275

چوڭقۇر بىلىم گويا سوغۇق ئېقىندۇر. روھنىڭ ئىچكى بۇلاقلىرى مۇزدەك سوغۇق، لېكىن ئۇلار ئۇ ئاتەش قوللارغا راھەت بېغىشلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

276

ئىلىم ـ بىر ئارىسىدا بىر جىرا بار، ئەڭ كىچىك جىراغا كۆۋرۈك ئەڭ ئاخىردا سېلىنىدۇ.

277

شاپائەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم بىھوشلۇقتا خۇدىنى بىلـ مەي قالىدۇ، ئۇنىڭ قولى ۋە قەلبى شاپائەتتىن قاپىرىدۇ.

278

ئادەم پەقەت ئۆزىدىن ۋاز كەچكەندىلا، سايىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز قۇياشىغا ھەقىقىي شۇڭغۇپ كىرەلەيدۇ.

279

ھاياتلىق بارلىكى يەردە بويسۇنۇش دېگەن گەپنى ئاڭلايمەن. ھاياتلىق بويسۇنۇش خاراكتېرىگە ئىگە نەرسە.

280

بۇيرۇق قىلىش بويسۇنۇشتىن قىيىن، بۇ بۇيرۇق

بەرگۈچىلەر بويسۇنغۇچىلارنىڭ يۈكىنى زىممىسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە بۇ يۈكنىڭ ئۇنى مىجىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىدىندۇر.

## 281

ھەرقانداق بۇيرۇق مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىناق ياكى تەۋەككۈلچىلىك. ھايات بۇيرۇق بەرگەنىكەن، ئۇ ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغان بولىدۇ.

## 282

ھايات بارلىقى يەردە «ھوقۇق ئىرادىسى» نى، ھەتتا مالايلىق ئىرادىسىدىنمۇ خوجايىنلىق ئىرادىسىنى تاپالايمەن.

## 283

ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە تىز پۈكۈپ، تېخىمۇ ئاجىزلارغا خوجايىن بولۇش خۇشاللىقىنى تاپىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەڭ كۈچلۈكلەرمۇ «ئۆز» گە بويسۇنىدۇ ھەمدە ھوقۇق ئۈچۈن ھاياتىنى رەنىگە قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

284

ھاياتقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆلۈمگە پەسەنت قىلماسلىق — ئەڭ كۈچلۈكلەرنىڭ تىز پۈكۈش ئىرادىسى.

285

قۇربان بېرىش، تىز پۈكۈش ۋە مۇھەببەت بار جايدىلا خوجا-يىنلىق ئىرادىسى بولىدۇ. ئاجىزلار كۈچلۈكلەر قەلئەسىنىڭ مەر-كىزىگە چىغىر يول بىلەن كىرىپ ئۇنى ئوغرىلايدۇ.

286

ھايات بارلىكى يەردە ئىرادە بار. لېكىن، بۇ ھاياتلىق ئىزدەش ئىرادىسى ئەمەس، بەلكى «ھوقۇق ئىرادىسى»!

287

جانلىقلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھاياتتىن ئەلا بىلىدۇ. «ھوقۇق ئىرادىسى» دەل مۇشۇنداق قاراشنىڭ مەھسۇلى!

288

مەڭگۈلۈك ياخشىلىق ۋە مەڭگۈلۈك رەزىللىك

مەۋجۇت ئەمەس!

289

ئالىيجاناب ئادەم ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن بىزارلىق ھېس قىلغاندا، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئاشكارىلىنىدۇ، ئۇ شۇ چاغدىلا گۈ-زەللىكنىڭ تەمىنى تېتىدىم دېسە بولىدۇ.

290

ھەقىقەتنى يوشۇرۇۋەرسە، ئۇ ۋىرۇسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

291

ھەرقانداق ھاياتلىق ئېغىرلىق، تارازا ۋە مىزان ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلارنى باشتىن كەچۈرمەيلا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولسا، بۇ ئىنتايىن بەختسىزلىك بولىدۇ.

292

ئادەملەر نەزىرىنىڭ تارلىقى تۇپەيلىدىن ئەتراپىدىكى ئادەم-لەرنى ياخشى - يامان، زىيانلىق - پايدىلىق، دەپ ئايرىيدۇ. ناۋادا، ئۇلار پۈتۈن ئادەملەر توپىنى مۆلچەرلەپ باقسا، ئۇلار ھەققىدە ئۇزاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

تەپەككۇر قىلىپ قالسا، بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلىدىن گۇمانلانماي قالمايدۇ، ھەتتا بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىدۇ.ئۇ ماھىيەتنى ساقلاپ قېلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ زىيانلىق ئادەم ئەڭ پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالماي، ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

## 293

ئۆچمەنلىك، رەزىللىك، تارتىۋېلىش، ھۆكۈمرانلىق ھەۋىسى ۋە باشقا رەزىل دەپ قارىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ماھىيەتنى ساقلاپ قالىدىغان قىلمىشلاردۇر. بۇ قىلمىشلار ئۇچۇن تۆلەيدىغان بەدەل يۇقىرى بولىدۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قىلمىشلار ئىنسانىيەتنى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلاپ كەلگەن ئامىللاردۇر.

## 294

ئەڭ ئالىيجاناب كىشى بىلەن ئەڭ رەزىل كىشى ئوخشاشلا تەبىئىي تۈيغۇنى ساقلاپ قېلىش ئارزۇسىغا ئىگە. بۇ ئارزۇ ھەممىشە

ئىدراك ۋە قىزغىنلىق بولۇپ پارتلاپ چىقىدۇ. ئىدراك ۋە قىزغىنلىق ھەرخىل باھانىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ بىر خىل تەبىئىي تۇيغۇ، بىۋاستە سەزگۇ، دۆتلۇك ۋە قىلچە قانۇنىيەتسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى ئادەملەرگە ئۇنتۇلدۇرماقچى بولىدۇ. تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۇش كېرەك. چۈنكى، ئادەم ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تۇرتكە بولمىسا بولمايدۇ. ھازىر شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا ئېتىكا ئۇستازى بۇ نۇقتىنى كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىردىنبىر مەقسىتى قىلىش، بۇ نۇقتىنى كىشىلەرنىڭ ئىدراكىغا ئايلاندۇرۇش ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئەقىدىسى قىلىش ئۇچۇن مۇنبەرگە چىقتى. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ تېمىسى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەھمىيىتىدۇر. ئۇ ئىككىنچى مەۋجۇدىيەتنى پەيدا قىلىپ چىقتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يېڭى ماشىنىسى بىلەن كونا ئادەتتىكى مەۋجۇدىيەتنى ھەم قەدىمىي، ھەم ئادەتتىكى نېمىسلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېلىپ چىقتى.

## 295

ئالىيجاناب كىشىلەر ئالاھىدە شەيئىلەرگە قىزىقىدۇ. شۇنداقلا باشقىلار سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقان شەيئىلەرگىمۇ قىزىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرېسى

ئۇلارنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ئالاھىدە.

## 296

بىر ئادەم ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتتا خاراكتېرىنى ئىپادىلىيەلىگەندە، ئاندىن ئۆز خاراكتېرىنى تونۇيالايدۇ. خاراكتېر باشقا بىر تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ. لېكىن ئادەم ئۇنى تونۇيالمايدۇ ياكى ئۇنى بىلمەيدۇ. خاراكتېر بەك نازۇك ۋە كىچىك، شۇڭا ئۇ خۇددى بىر پارچە مەۋھۇملۇق كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغاندەك، خېلى ئىنچىكە كۆزىتىدىغانلارمۇ ئۇنى بايقىيالمايدۇ.

## 297

بەزى دەۋرلەردە بەزى كىشىلەر يا مۇنداق، يا ئۇنداق ئىقتىدار ۋە ئەخلاقتا ئىگە بولالمايدۇ. لېكىن بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەينى چاغدا ئەجدادلار بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن بەزى يۇرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇنداق بالىنىڭ دادىغا قىلغان ئاسىيلىقى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بالىنىڭ بالىسى بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

## 298

كىشىلەر ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتە-لەيدۇ. شۇنداقلا ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ شادلى-قىنى تارتىۋېلىپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ رەھىمسىز، تېخىمۇ جا-ھىل، ھەۋەسكە تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ تاشلايدۇ. بەلكىم ئى-لىم - پەن دەل مۇشۇ كۈچى تۈپەيلىدىن جاھانغا تونۇلغاندۇر. كى-شىلەر ئىلىم - پەننىڭ ئازاب پەيدا قىلغۇچى تەرىپىنى بايقاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم - پەننىڭ خۇشاللىق پەيدا قىلالايدىغا-لىقىنىمۇ بايقاشتى. ئىلىم - پەننىڭ كۈچى مىسلىسىزدۇر. ئۇ چوقۇم شاد - خۇرام، يېڭى دۇنيانى نۇرغا پۈركەيدۇ.

## 299

كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلىشتىكى مەقسىتى باشقىلارغا كۈچ ئارقىلىق تەسىر قىلىشتۇر.

## 300

يامانلىق قىلغاندىكى ھالىتىمىز ياخشىلىق قىلغان

چاغدىكىدەك كۆڭۈللۈك بولمايدۇ.

دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سۆيگۈنىڭ داۋامى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق داۋاملىشىشتا ئىككى ئادەمنىڭ ئارزۇسى يېڭى بىر ئارزۇغا، يېڭى يۇكسەك نىشانغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ غايىسى بولۇپ قالىدۇ. بىراق، كىم بۇنداق سۆيگۈگە تونۇشراق؟ كىم بۇنداق سۆيگۈنى باشتىن كەچۈرگەن؟ بۇ خىل سۆيگۈنىڭ ئېنىق ئىسمى دوستلۇقتۇر.

## 301

ئەمەلىيەتتە بىز شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالغانكى، نۇرغۇن ئۇلۇغلۇق، گۈزەللىكلەرگە مەلۇم ئارىلىق قويۇپ قارىساق، ئاندىن ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۆز كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ.

## 302

زەھەر ئاجىزلارنى گۇمران قىلسا، كۈچلۈكلەرگە پايدا قىلىدۇ، كۈچلۈكلەر ئۇنى ھەرگىز زەھەر دەپ ئاتىمايدۇ.

## 303

كىشىلەر ئەخلاقىنىڭ (مىسالى تىرىشچانلىق، بويسۇنۇش،

پاكلىق، ساداقەتلىك، ئادىللىق قاتارلىق) ئەخلاقلىق كىشلەرگە سالغان زىيىنىنى كۆرمىگەندەك قىلىدۇ. گۈزەل ئەخلاق بۇ كىشىلەرنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تۇغما ئارزۇسى. لېكىن، ئەقلىيلىك گۈزەل ئەخلاقنىڭ باشقا تۇغما ئارزۇلار بىلەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىغا يول قويمايدۇ.

## 304

ناۋادا، مائارىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، كىشىلەرنىڭ ھەرخىل گۈزەل ئەخلاقى ئومۇمغا پايدىلىق بولسا، لېكىن شەخسنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانىغا پايدىسىز بولسا، شەخسنىڭ روھىي پەرىشانلىقى ۋە شەخسىيىتىنى نابۇت قىلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شەخسىيەتسىزلىك، تەقدىم قىلىش، ئەخلاقنى مەدھىيىلىگۈچىلەر ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ كۈچى، ئەقلىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆزىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى خالىمايدىغان كىشىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى ئويلىمايدۇ، كەمتەر، ھېچنېمە تالاشمايدۇ. لېكىن، ئۇلارغا بولغان مەدھىيە ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇش روھىدىن كەلمىگەن. ئۇلارنى مەدھىيىلەيدىغانلار ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىنلىرى، چۈنكى ئۇلار

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن پايدا ئالالايدۇ. ناۋادا، ئۇ ئۆزىنى شەخسىيەتسىز، دەپ قارىسا، شەخسىي مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان خاھىشنى تۇسۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىنى شەخسىيەتسىز دەپ جاكارلىشى، شەخسىيەتچىلىكنى مەدھىيىلىمەسلىكى كېرەك. ئەخلاقتىكى مۇددىئا بىلەن ئەخلاقنىڭ پرىنسىپى نەقەدەر دەل كەلگەن؟ بۇ دەل ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەخلاقتىكى زىددىيەتلىك تەرەپ. بۇ يەردە ئەخلاقنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئىسپاتلىغان نەرسە دەل ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ رەددىيىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ.

## 305

مەلۇم جايدا چىرىكلىك پەيدا بولسا، شۇ يەرنى ھەرخىل شەكىلدىكى ئاداۋەت قاپلاپ كېتىدۇ. مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن پۈتكۈل ئېتىقادى كۈچىدىن قالىدۇ. ئاداۋەت بىر خىل پەس ئەركىنلىك ئىدىيىسى.

## 306

ھايات — ئۆلمەكچى بولغان نەرسىلەرنى يېنىمىزدىن ئۈزلۈكسىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ تۇرۇش دېمەكتۇر.

ھايات — بىزگە شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىگە پۇتلىكاشاڭ بو-
لۇۋاتقان بارلىق ئاجىز، لېكىن ئۆلمەس نەرسىلەر دې-
مەكتۇر.

## 307

مەشھۇر كىشىلەر ئەتراپىدىكى ئۆزى ئېھتىياجلىق ھەممە
كىشىدىن مەنپەئەت ئېلىپ تۇرىدۇ. بەزىدە خىيالپەرەسلەردىن ئۇلگە
ئالسا، بەزىدە رېئالىزمچىلاردىن ئۇلگە ئالىدۇ. بەزىدە خىياللاردىن
ئۇلگە ئالسا، بەزىدە ئالىملاردىن ئۇلگە ئالىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر
مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نىقابىدۇر. ئۇلار بۇنداق نىقابنى كۆپ ئىش-
لەتمەيدۇ. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا ھامان بوش يەر پەيدا بو-
لۇپ تۇرىدۇ. بۇ بوش ئورۇنغا قاراپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مەشھۇر كىشىنىڭ خاراكتېرىگە
ئېرىشىش. شۇڭا بۇ بوش يەر بەكمۇ ئاۋات.

## 308

مەشھۇر كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ مەشھۇرلۇقىغا
ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ۋاسىتىسى مۇ-

www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە موھتاج. ئۇلار بەزىدە بۇنداق، بەزىدە ئۇنداق ھەقىقەتنى ياكى خاراكتېرنى سەھنىگە ئاچىقىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلار مەلۇم ئۆزگەرمەس، گۈزەل خاراكتېرگىمۇ موھتاج. بۇنداق خاراكتېر ئۇلارنىڭ كومېدىيە سەھنىسىدە رول ئېلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ.

## 309

ئۆرپ - ئادەتكە خىلاپ تەپەككۇر قانداقتۇر بىر خىل ئالىي دەرىجىلىك تەقلىدىي پائالىيەت ئەمەس، بەلكى ناھايىتى كۈچلۈك، بويۇنتۇرۇقسىز، ئۆزىنى ئۆزى تەنھا قالدۇرىدىغان، جاھىل، ئاپەتتىن شادلىق ھېس قىلىدىغان قەبىھ قىلمىشتۇر. بىدئەت تەلىمات جاھىدۇگەرلىكنىڭ يەنە بىر يۈزى.

## 310

مۇتەپەككۇر ۋە ئىجادىي كۈچكە باي تالانت ئىگىلىرى ئۈچۈن بىكارچىلىق روھنىڭ ئارام ئېلىشىدۇر. ئەلۋەتتە بىكارچىلىق ناھايىتى زېرىكىشلىك، روھ ماھىيەتتە بەخت سەپىرى ۋە شادلىق ئادەتتىكىچە قىزىقىشىنى قوزغىيالايدۇ.

## 311

ئادەم ۋە دەۋرنىڭ ئازاب، يەنى قەلبىنىڭ ئازابى بىلەن تەننىڭ ئازابىغا بولغان تونۇشى ئوخشاش ئەمەس. بۇ نۇقتا ئادەم بىلەن ئادەمنى، دەۋر بىلەن دەۋرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى بەلگىسى.

## 312

كەڭ قورساق شەخسىيەتچىلىك بىلەن قىساسنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە زور پەرق مەۋجۇت.

## 313

بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمىزدا ناھايىتى ئوڭايلا ئىنساننىڭ تەبىئىي ماھىيىتىگە نىسبەتەن بىر خىل ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. ئايالنىڭ تەبىئىي ماھىيەتىنىڭ باشقۇرۇش ئاستىدا بولىدىغانلىقى ئادەمنى تېخىمۇ بىزار قىلىدۇ. بوپتۇ، بۇ ئىشلارنى ئويلىمايلى. لېكىن روھىمىز بۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشقان چاغدا

شۇ ھامان باشقىچە تۈس ئالىدۇ. تەبىئىي ماھىيەتكە مەنسىتمەس-لىك بىلەن قاراپ قويىدۇ. بىز زەربىگە ئۇچرايمىز. تەبىئىي ماھى-يەت قوپاللىق بىلەن ئىشىمىزغا ئارىلىشىۋالىدۇ. شۇڭا، بىز فى-زىئولوگىيە ئىلمىگە ئائىت گەپلەرنى ئاڭلىغاندا قۇلىقىمىزنى ئېتىۋېلىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ «مەن ئىشەنمەيمەن، ئادەم روھ ۋە ئۇنىڭ قاسىرىقىدىن باشقىچىرەك بىر نەرسە» دەيمەن. ھەممە ئاشىق - مەشۇق «بىر قات تېرىگە ئورىنىۋالغان ئادەم» دىن نەپرەتلىنىمىز دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش سۆيگۈگە قىلىنغان ھاقارەت.

## 314

مۇھەببەت — سۆيگۈچىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئارزۇسىنىمۇ كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

## 315

ئاياللارنىڭ يېشى چوڭىيىپ ئەرلەردىن گۇمانخور بولۇپ كې-تىشىدىن، مەۋجۇدىيەتنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئۇنىڭ ماھىيىتى دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. بۇنداق ئەھۋالدا بارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە نەرسىلەرنى ئۇلار ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى توسۇ-

ۋالغان پەردە، نومۇسسىز نەرسە دەپ قارايدۇ.

## 316

ئايالللارنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، نازاكىتىنى ئاشكارىلىماسلىقى بىر خىل ئاقىلللىقتۇر. بۇ ئارقىلىق «گۈل لوڭقىسى» نىڭ نەپىس لېكىن ئاجىزلىقىدەك ماھىيىتىنى بىلدۈرۈش مۇمكىن. بىر تال چاڭ ـ توزانمۇ بۇ لوڭقىدا جاراھەت پەيدا قىلالايدۇ. ئايالللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەرلەرنىڭ قوپاللىقىنى «مۇلايىم» لاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار ئەرلەردىن ئاق كۆڭۈل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ، ئايالللارنىڭ كۈچلۈكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆزىنى قوغداش شەكلى.

## 317

ناۋادا، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى يوق بولۇپ، ئۆزىنى قوغدىمىسا ئۇ ھاقارەت ئەمەس. لېكىن، بىز قىساس ئېلىش ئىقتىدارى، ئىرادىسى يوق كىشىلەرنى ئەيىبلەيمىز. مەيلى ئۇ ئايال بولسۇن ياكى ئەر بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

**318**

ئايالللار سۆيگەن ئەرلىرى ئالدىدا ۋالاقتەككۇرلۇكتىن ئېھتىيات قىلىشىدىيۇ، هامان ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ. شۇڭا، بۇ بىچارىلەرنىڭ مەغلۇپ بولمايدىغان بىرەرىمۇ يوق.

ئەرلەرنى جەلپ قىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى مۇلايىملىق، سىرلىقلىق، سوغۇق قانلىق.

**319**

كىشىلەر بىر دەۋرنىڭ تارىخ ئېڭىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە شۇ دەۋرنىڭ تەرجىمىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۆتمۈشتىكى كىتابلارنى قانداق قىلىپ ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئارقىلىق هۆكۈم قىلىدۇ.

**320**

سەنئەتكارلار ئېسىل، گۈزەل شەيئى، هالەتلەرنى ئۇزلۇكسىز گۈزەللەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىشى يوق، كىشىلەر مۇشۇ شەيئى ۋە هالەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ياخشى، ئۇلۇغ، مەستخۇش، بەختلىك، ئازادە، ئەقىللىق سېزىشىدۇ. ئادەمنىڭ بەختى

ئۇچۇن يوقىرىقى تاللانغان شەيئى، ھالەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن قىممىتى بار. بۇ مۇقەررەرلىك، ئۇلار سەنئەتكارنىڭ گۈزەللەشتۇرۇش ئوبيېكتى، سەنئەتكار ئىزچىل ئۇلارنى بايقاش، ئىزدەش كويىدا يۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى سەنئەت زېمىنىغا سۆرەپ كىرىدۇ.

321

تەپەككۇر قىلالمايدىغان، ھېسسىياتى قۇرغاق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئەڭ كۈچلۈك ئىدىيە ۋە ھاياجىنىنى ئىپادە قىلساڭمۇ بەرىبىر ئۇلار بۇنىڭدىن زوق ئالالمايدۇ.

322

بىز ئەخلاقتىن ھالقىپ كېتىپ قالماي، ئۇنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇشىمىز — گەرچە ھەر مىنۇت يىقىلىپ چۈشۈش خەۋپى بولسىمۇ، تۇرۇشىمىز يۈرەكسىز ۋە ياغاچتەك قاتمال ھالەتتە كۆرۈنسىمۇ — ھەتتا ئەخلاق ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ ئويۇن ئوينىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 323

ئادەمنىڭ كەمستىشنى ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغاندەك ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمۇ زۆرۈر. ئادەتتە يېڭى تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان ھەم نۇرغۇن ئادەمنى شۇ يولغا باشلاپ كىرگەن ئادەم ئۆزى يېڭى تۇرمۇش يولىغا باشلاپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ رەھمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندە نەقەدەر كالۋالىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقايدۇ. ھەتتا ئەڭ ئاددىي ھالدىكى رەھمەتنى ئىپادىلىگۇدەك ئىقتىدارنىڭمۇ يوقلۇقىنى بايقايدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم سۆزلىمەكچى بولغاندا گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

مۇتەپەككۇر ئۆز ئىدىيىسىدىن پەيدا بولغان تەسىرنى، ئىدىيىسى ئۆزگەرتكەن ۋە تىترەتكەن ئادەملەرنىڭ كۈچىنى سەزگەندە بۇ خىل تەسىرات شەكلىنىڭ بەكمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە، تەسىرگە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ قەلبىنىڭ جاراھەتلىنىشىدىن، ئۇلارنىڭ نامۇۋاپىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل روھىغا تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرىدۇ. بىر خىل ئەدەپلىك تەشەككۈر

بىلدۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن، تولۇق تولۇقتىرا بىردەۋر كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى لازىم. بۇ دەۋر ئىدىيە ۋە تالانتقا ئوخشاش ئامىللارنىڭ تەشەككۇر ھېسسىياتىغا يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا رەھمەتنى قوبۇل قىلىدىغان ئۇلۇغ ئادەم پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزى قىلغان ياخشى ئىشلار تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكىم ئەجدادلىرى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى توپلىغان بۈيۈك ۋە خاسىيەتلىك «گۆھەر» تەرىپىدىن قەدىرلەشكە، رەھمەتكە ئېرىشىدۇ.

## 324

ئادەتتە تۇرمۇش بىلەن بىلىم ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغان جايدا ھەرگىز كەسكىن كۈرەش يۈز بەرمەيدۇ. ئىنكار قىلىش ۋە گۇمان ئەخمەقلىق سانىلىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى يۇناننىڭ ئەلىيا ئېقىمىغا مەنسۇپ پەيلاسوپلاردا ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە پەيلاسوپلار مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئاشۇ خاتالىقلارغا قارشى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرگە، بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ مەۋجۇت بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەيلاسوپ قەتئىي، سوغۇق قان، ئوبيېكتىپ، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتالايدىغان، قارشى ئېقىمدىكى بىلىمگە

نىسبەتەن ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەر. ئۇلار پەيلاسوپلارنىڭ بىلىمىنى تۇرمۇشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ. بۇ ھالەتنى ساقلاش ئۈچۈن پەيلاسوپ چوقۇم ئۆزىنىڭ رېئاللىقىغا نىسبەتەن خاتا تونۇشنى پەيدا قىلىشى، ئۆزىنىڭ سوغۇق قان، ئوبيېكتىپلىقىنى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۇ يەنە بىلگۈچىلەرنىڭ ماھىيىتىگە خاتا چۈشەنچە قوشۇۋېتىپ، بىلىش جەريانىدىكى ئۆزلۈك ئارزۇسىنىڭ كۈچىنى ئىنكار قىلىشى، ئەقلىيلىكنى تامامەن ئەركىن، ئۆزى پەيدا بولىدىغان ھەرىكەت دەپ قارىشى كېرەك. ئۇلار ئادەتتىكى ئىشلارغا قارشى كۈرەش جەريانىدا ئۆز ئۆلچىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى خاتىرجەملىككە ئېرىشىش كويىدا بولۇشى كېرەك. ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلگەندىمۇ ئۆز ئۆلچىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، كۆزىنى توسۇۋېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرمىگەن بولۇۋېلىشى كېرەك. سەمىمىيلىك بىلەن گۇمانخورلۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بۇنداق تالانتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئىپتىدائىي ئۆزلۈك ئارزۇسى بىلەن تونۇغۇدىن كېلىپ چىققان ئاساسىي خاتالىقلارغا تايىنىدۇ. ئادەتتە قارشىلىشىشقا ئۇچرىغان بۇ ئىككى خىل پرىنسىپ تۇرمۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلاردا سەمىمىيلىك ۋە گۇمانخورلۇق پەيدا بولماي

قالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى تەرەپ ئاشۇ تۇرلۇك خاتالىقلارغا قارشى ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن مەلۇم تۆھپىنىڭ چوڭ ياكى كىچىكلىكى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىش پەيدا بولىدۇ.

سەممىيلىك ۋە گۇمانخورلۇق مۇنداق جايلاردا پەيدا بولىدۇ. بۇ جايلاردا يېڭى ئۆلچەملەر مەۋجۇداتقا پايدىسىز، شۇنداقلا زىيان-سىز. ئۇ بىر خىل ئەقلىي ئويۇن، ئۆزلۈكنىڭ ئىپادىسى. ئۇمۇ بارلىق ئويۇنلارغا ئوخشاش زىيانسىز، لېكىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسى بۇنداق باھا ۋە ئەقىدىلەرگە تول-غان. شۇڭا، مالىماتاڭ خىياللار ئىچىدە كۇرەش ۋە ھوقۇق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل «ھەقىقەت» ئۈچۈن كۇرەش قىلىش جەريانىدا ھەرخىل ئۆزلۈك تۇيغۇلىرى بىردەك مەلۇم بىتەرەپلىمىلىككە ئىگە بولماي قالمايدۇ. ئەقىل كۇرىشى خىزمەت، ھاياجانلىنىش، كەسىپ، بۇرچ، شان ـ شەرەپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرىدا، بىلىم ۋە ھە-قىقەت ئىزدەش تۇيغۇسى بىر خىل ئېھتىياج سۈپىتىدە باشقا ئېھتىياجلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەقىدە، كۆزىتىش، ئىنكار قىلىش، گۇمان ۋە زىددىيەت بىر خىل قۇدرەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بارلىق رەزىل ئۆزلۈكلەر بىلىمگە بويسۇنىدۇ. بىلىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. رۇخسەتكە، ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ، پايدىلىق شان ـ شەرەپكە ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرى گۇناھسىز، «ئاق كۆڭۈل» كۆزگە ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 325

ئادەم ئىزچىل تۇردە ئۆزىنىڭ خاتالىق ئېغىنىڭ تەرىپىسىنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. بىرىنچى، ئۆزىگە قاراپ مۇكەممەل ئەمەسكەنمەن دەپ ئويلايدۇ. ئىككىنچى، ئۆزىگە ساختا خاراكتېر بېرىدۇ. ئۈچىنچى، هايۋانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنى بىر خاتا جايدا تۇرغاندەك سېزىدۇ. تۆتىنچى، يېڭى بايلىق يارىتىدۇ ۋە بىر مەزگىلگىچە بۇ بايلىقنى مەڭگۈلۈك، زۆرۈر دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بەزى چاغلاردا بۇ ئارزۇسى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، بەزى چاغلاردا ئۇ ئارزۇسى ئۈستۈن تۇرىدۇ. ياخشى كۆرگەنلىكى تۈپەيلى، بۇ ئارزۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالىيجاناب دەپ قارايدۇ.

بىز ناۋادا، بۇ تۆت خىل خاتالىقنىڭ ئاقىۋىتىنى نەزەرگە ئالمىساق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسان خاراكتېرى ۋە ئىنساننىڭ ھەق - ھۆرمىتىنى نەزەرگە ئىلمىغان بولىمىز.

## 326

بىز قەيەردە، قانداق ئەخلاق شەكلىگە دۇچ كېلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەرنىڭ ھامان ئادەمنىڭ ئارزۇ ۋە ھەرىكىتىنى باھالاپ دەرىجىگە ئايرىيدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر توپ ئامىمىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارغا نېمە پايدىلىق بولسا، شۇ نەرسە ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھەرقانداق شەخسنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمى، ئەخلاقنىڭ يېتەكچى-

سى. شەخسىي قىممەت ئاممىۋى ئىقتىدارنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىدىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بولۇشى كېرەك.

ئاما توپىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەخلاقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەر جىددىي ئۆزگىرىش گىرۋىكىدە تۇرۇۋاتىدۇ. پەرەز قىلىشقا بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ غەيرىي ئەخلاقلار مەيدانغا كەلمەي قالمايدۇ. چۈنكى، ئەخلاق يەنىلا ئاممىنىڭ بىۋاسىتە تۇيغۇسىدۇر.

## 327

تېنىڭىزنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز، نەزەر دائىرىڭىز، زېھنىڭىز، ھەرىكىتىڭىز، خاتالىقىڭىز، شۇنداقلا غايىڭىز، تەسەۋۋۇرىڭىزغا نەزەر سېلىپ بېقىش كېرەك. شۇڭا، ساغلاملىقنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنىڭ بارلىقى بىر خىل مۇقەررەرلىك. ئادەم بېشىنى قانچە كۆتۈرگەنسېرى «ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش» دېگەن ئەقىدىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەكىم (تېۋىپ) لەر ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نورمال ساغلاملىق ئۇقۇمى، كېسەللەرنىڭ نورمال تاماقلىنىشى، نورمال كېسەل جەريانى دېگەندەك ئاتالغۇلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئاندىن روھىي ساغلاملىق بىلەن كېسەلنى، ھەربىر كىشىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ساغلاملىقنى بىرلەشتۈرۈپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

328

ھەممە ئادەمدە ئىلىم - پەنگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق بار. ئىلىم - پەن بىلەن ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىق بىر ئىش ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر خىل ھالەت، خالاس. شۇنداق، كىشىلەردە ئىلىمگە بولغان بىر خىل قىزىقىش بار. بۇ خىل قىزىقىشقا ئادەتلىنىشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزىقىشى شان - شۆھرەت ئۈچۈن. بەزىلەر ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدۇ، ماتېرىيال يىغىدۇ، رەتلەيدۇ، كۆزىتىدۇ ۋە بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ. بۇلاردىكى قىزغىنلىق ئەمەلىيەتتە بىكار - چىلىقتىن كېلىپ چىققان قىزغىنلىقتۇر.

329

تۇرمۇش بىز ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك. بىزنىڭ تېنىمىز ئەي - نەك، زەربىگە ئۇچرىساق چىدىيالمايمىز. يىقىلساق ھەممە تۈگەيدۇ.

330

ھەممە ئىشنى يىلتىزىغىچە سۈرۈشتۈرۈش بىر خىل ئۆزىگە ئۆزى ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان ئادەتتۇر. ئۇ كىشىنى كۆزىنى چوڭ ئېچىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئەڭ ئاخىرى بايقىغان نەرسە ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ چوڭ ۋە كۆپ بولىدۇ.

**مەجمۇئە ئىسمى :** مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** نىتزى مۇنداق دەيدۇ
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئامىنە كىچىك
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى :** 830000
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—436—7
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)